شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 7 ـ ئاي
29
چارشەنبە
维吾尔文 7 月29日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25137 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

شى جىنپىڭ خەلقئارا ئىسسىق يادرو يىغىلىش تەجرىبە رېئاكتورى پىلانىدىكى مۇھىم، زور قۇرۇلۇشنىڭ قۇراشتۇرۇشنى باشلاش مۇراسىمىغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تېلېگراممىسى خەلقئارا ئىسسىق يادرو يىغىلىش تەجرىبە رېئاكتورى (ITER) پىلانىدىكى مۇھىم، زور قۇرۇلۇشنىڭ قۇراشتۇرۇشنى باشلاش مۇراسىمى 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى بۇ تەشكىلاتنىڭ فرانسىيەدىكى باش ئىشتابىدا ئۆتكۈزۈلدى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىلىم ـ پەننىڭ دۆلەت چېگراسى يوق، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ چېكى يوق. خەلقئارا پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقى ئىنسانلار دۇچ كەلگەن يەر شارىۋى خىرىسقا تاقابىل تۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. خەلقئارا ئىسسىق يادرو يىغىلىش تەجرىبە رېئاكتورى پىلانىغا ئىنسانلارنىڭ يادرو يىغىلىش ئېنېرگىيەسىدىن تىنچ پايدىلىنىشتەك گۈزەل ئارزۇسى يۈكلەنگەن، (ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى 5 ـ نۆۋەتلىك كېڭەشى يىللىق يىغىنى سىن يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلدى

ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى ئەزالارنىڭ ئورتاق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان يېڭى سۇپىغا ئايلىنىشى كېرەك، دەپ تەكىتلىدى



7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى 5 ـ نۆۋەتلىك كېڭەشى يىللىق يىغىنى سىن يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلدى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېڭ فوتوسى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تېلېگراممىسى دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى 5 ـ نۆۋەتلىك كېڭەشى يىللىق يىغىنى سىن يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلدى. شى جىنپىڭ يىغىننى تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ زورىيىغانلىقىغا ئاكتىپ باھا بېرىپ، مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى ئەزالارنىڭ ئورتاق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان يېڭى سۇپىغا ئايلىنىشى كېرەك. ھەرقايسى ئەزالار دىققىتىنى ئورتاق تەرەققىياتقا مەركەزلەشتۈرۈپ، باتۇرلۇق بىلەن يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، ئەڭ ياخشى ئەمەلىيەت يارىتىپ، ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسىنى يەرشارىۋى ئورتاق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان يېڭىچە كۆپ تەرەپلىك تەرەققىيات بانكىسىغا، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان يېڭىچە تەرەققىيات ئەمەلىيىتى سۇپىسىغا، يۇقىرى ئۆلچەملىك يېڭىچە خەلقئارا ھەمكارلىق ئاپپاراتى ۋە خەلقئارا كۆپ تەرەپلىك ھەمكارلىقنىڭ يېڭى ئۈلگىسىگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. جۇڭگو باشتىن ـ ئاخىر كۆپ تەرەپچىلىكنى قوللاپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئېچىۋېتىش، ھەمكارلىشىش، ئورتاق پايدا ئېلىش روھى ئارقىلىق ھەرقايسى ئەزالار بىلەن بىرلىكتە ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسىنى داۋاملىق قوللاپ ۋە ياخشى باشقۇرۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ خەۋپ ـ خەتەر ۋە خىرىسقا تاقابىل تۇرۇشى، ئورتاق تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدۇ. **(سۆزنىڭ تولۇق تېكىستى 2 ـ بەتتە)**

شى جىنپىڭ سۆزىدە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: 2013 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، مەن جۇڭگوغا ۋاكالىتەن ئاسىيا ئۇل ئەسلىھە سېلىنما بانكىسى قۇرۇپ، ئاسىيا رايونىنىڭ ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى ۋە ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، رايون ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، (ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

ئوتلاق يېشىللاشتى چارۋىچىلىق كۈچەيدى

كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە نەزەر ③

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جاڭ جىلى، ياڭ شۇخەن، ۋاڭ جېن، ئەن شيۈ، جانبولات مانارىبېك

«بۇ بىر جۈپ نەسىللىك قويىنى مەن ئالاي!» 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، قاراقاش ناھىيەسى ۋەنفېڭ چارۋىچىلىقنىڭ كۆپ تۇللۇك گۆش قويىنى كۆپەيتىش بازىسىدا، ئاقسارايى يېزىسى كىتىكلا كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى روزىمەمەت ئىدرىس نەسىللىك قويىنى تاللاپ بولغاندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ سودىنى «تارتىۋېلىشى»دىن ئەنسىرەپ، بازىدىكى باقمىچىلارغا دەرھال خاتىرىلەپ قويۇشنى ئېيتتى.

روزىمەمەت تاللىغان كۆپ تۇللۇك گۆش قويى كۆپ تۇللەيدۇ، گۆشىنىڭ سۈپىتى ياخشى، پايدىسى يۇقىرى بولۇپ، شىنجاڭ چارۋىچىلىقىنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، نەسلىنى ئەلالاشتۇرغانلىقىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز چارۋىچىلىق تەرەققىياتىنىڭ ئۈزلۈكسىز سۈپىتى ئېشىپ دەرىجىسى ئۆستى، چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى، تۈرى، كارخانا، سۈپەتلىك ماركا قاتارلىق جەھەتلەردە مىقدار ئېشىپلا قالماي، چارۋا، ئۆي قۇشلىرىنى كۆپەيتىش، بېقىش، يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش، پىششىقلاش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ سۈپەتنىڭ ئېشىشقا ئاشۇرۇلدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

لوپ ناھىيەسىنىڭ ھاڭگىيا بازىرى ئاياغ سوغاققۇم كەنتىگە جايلاشقان خوتەن لۇسى جيايۈەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق تەرەققىيات چەكلىك شىركىتى باقمىچىلىق بازىسىدا، خىزمەتچىلەر گۆش كالىسىغا يەم ـ خەشەك سېلىپ بەرمەكتە (6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تارتىلغان). □ مەمەتئېلى ئەنۋەر فوتوسى

ھاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى

بۇرچىن ناھىيەسى

ئۈچار قۇشلار سۇلۇق يەرگە قايتىپ كەلدى قۇملۇق باغ ـ ئورمان بىلەن تولدى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جېڭ جو ئىختىيارىي مۇخبىر لى خۇيلىڭ

7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، جىغان ئۆستۈرۈش چوڭ ئائىلىسى بولغان ۋۇ چىڭشەن ئۆز ئائىلىسىنىڭ جىغادىلىقىدا ئالدىراش بولۇپ كەتتى، 100 مودىن ئارتۇق كېلىدىغان بۇ مېۋىلىك باغ ھەر يىلى ئۇنىڭغا 300 ـ 200 مىڭ يۈەن كىرىم ئېلىپ كېلىدۇ. «بۇ يىللىق كىرىمىمىز ناچار بولمايدۇ» دېدى ئۇ.

ۋۇ چىڭشەن بۇرچىن ناھىيەسىنىڭ قوستىق بازىرى قوستىق كەنتىدىكى دېھقان، ئۇ تۇرۇشلۇق كەنت توقمىتى دۆلەت سۇلۇق يەر باغچىسىنىڭ يېنىدا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇرچىن ناھىيەسىنىڭ ئېكولوگىيەنى قوغداش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇشىغا ئەگىشىپ، سۇلۇق يەر كۆلىمى تەدرىجىي كېڭەيدى. ياخشى ئېكولوگىيەلىك مۇھىت قۇشلارغا كۆپىيىش، ياشاش شارائىتى يارىتىپ بېرىش بىلەن بىللە، يەنە شۇ جايدىكى دېھقانلارغا كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىش پۇرسىتى ئېلىپ كەلدى.

2010 ـ يىلىدىن بۇرۇن، ۋۇ چىڭشەن ئائىلىسىنىڭ كىرىمى بىر قەدەر تۆۋەن ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئەتراپتىكى مۇھىت سەۋەبىدىن، بۇ يەردە بىر يىلدىكى كۆپىنچە ۋاقىتتا بوران چىقىپ تۇراتتى، توقمىتى سۇلۇق يېرىنىڭ ئېكولوگىيەلىك ئەھۋالى ئانچە ياخشى ئەمەس بولۇپ، قوستىق كەنتىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس ئىدى.

سۇلۇق يەر ۋە ئەتراپتىكى مۇھىتنى قوغداش ئۈچۈن، بۇرچىن ناھىيەسى تەبىئىي ئورماننى قوغداش، تېرىلغۇدىن ئورمانغا قايتۇرۇش، چارۋىچىلىقتىن ئوتلاققا قايتۇرۇش قاتارلىق ئېكولوگىيەنى قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، خاس مېۋىلىك دەرەخلەرنى تىكىش قاتارلىق ئېكولوگىيەنى قوغداش ئەندىزىلىرىنى يولغا قويۇپ، دېھقانلارنى جىغان قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئىلمىي تىكىشكە ئىلھاملاندۇردى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچى شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمەتلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، ئاممىغا تايىنىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈشپېي** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى بالۇ مەھەللىسى كوئېنلۇن ئولتۇراق رايونى ۋە تيانشان رايونى رىڭگۋاڭ مەھەللىسى رىڭگۋاڭ ئولتۇراق رايونىدا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بويىچە مەھەللىلەرنى يېپىق ھالەتتە باشقۇرۇش ۋە ئاممىنى تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى قىلچە بوشاشتۇرماي چىڭ تۇتۇپ، پۇختا تۇتۇپ، ئىنچىكە تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى سىن يىغىنى ئاچتى

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كەچتە، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابى سىن يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنى تەتقىق قىلدى، تەھلىل قىلدى، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ۋەزىپىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئۈرۈمچى شەھىرىدە يېڭىدىن يۈزبەرگەن يۇقۇمدا ئالتە نەپەر ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق ۋە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **چاۋ جىن، يۈەن لىپى** خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھىرىدە يېڭىدىن يۈزبەرگەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىدا ئالتە نەپەر ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق ۋە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى گوۋۇيۈەننىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

سىياسەت ئارقىلىق ياردەم بېرىش ـ يۆلەشتە «دەل جايىدا تېمىتىپ سۇغىرىش»

تىرىڭ! يان تېلېفون بانكىسىدىن كەلگەن قايتۇرۇلغان پۇلنىڭ ھېساباتقا كىرگەنلىكى توغرىسىدىكى ئۇچۇر خوتەندىكى بىر شىركەتنىڭ مالىيە مەسئۇلى سۈن خۇيلىنى خۇشال قىلىۋەتتى: «مەبلەغ قىس بولغاچقا، شىركەت خام ماتېرىيال سېتىۋېلىش ۋە مائاش تارقىتىشتىن ئىزچىل غەم قىلىپ كەلگەنىدى،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنىڭ سالمىقى مىسلىسىز بولدى بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ئىشەنچى ھەسسىلەپ ئاشتى

يىل ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادنى كۆزىتىش

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈجاۋ، ئىختىيارىي مۇخبىر سۇڭ خۇامىن

بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز باج ـ ھەققى كېمەيتىش، تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش، مۇددەتنى كېچىكتۈرۈش، مۇلازىمەتنى ئەلالاشتۇرۇش قاتارلىق كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان بىر قاتار سىياسەتلەرنى چىقىرىپ يولغا قويدى، بۇ سىياسەتلەر يەرلىكتىكى ئاساسىي قاتلامغا بىۋاستە يەتكۈزۈلدى، كارخانىلار ۋە خەلققە بىۋاستە نەپ يەتكۈزدى، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇپ، نورمال ئىشلەپچىقىرىش ـ تىجارەتنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئومۇميۈزلۈك، تېز، ئۈنۈملۈك يار ـ يۆلەك بولدى. بىر يۈرۈش سىياسەت تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشى تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىپ، كۆزلىمىنى تېخىمۇ ياخشى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئىشەنچىنى ئۇرغۇتتى.